السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆيدە نېمە قىلاتتى؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: ئۆز ئائىلىلىرىغا ياردەمدە بولاتتى، ناماز ۋاقتى بولسا نامازغا چىقاتتى، دەپ جاۋاپ بەردى

ئەسۋەد ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆيدە نېمە قىلاتتى؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: ئۆز ئائىلىلىرىغا ياردەمدە بولاتتى، ناماز ۋاقتى بولسا نامازغا چىقاتتى، دەپ جاۋاپ بەردى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكىدىن، ئۇ زات ئۆيدە ئەھلىنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى، قوينى ساغىتتى، ئاياغلىرىنى يامايتتى، ئائىلىدىكىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. چۈنكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئائىلىدە نېمە ئىش قىلاتتى دەپ سورالغاندا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆيدە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى دېگەن، مانا بۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە ئەلچىلىرىنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى، كەمتەرلىكى، ئاددى ئىشلارنىمۇ قىلىدىغانلىقى ۋە ئالى تۇرمۇشلاردىن يىراق بولىدىغانلىقىنىڭ نامايەندىسى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6220

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee